# پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش
# ۋە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە

# پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى
# تۈزۈمىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە

# 关于对党员领导干部
# 进行诫勉谈话和函询的暂行办法
# 关于党员领导干部述职述廉的暂行规定

مىللەتلەر نەشرىياتى
民族出版社

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى
دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەقدىم قىلغان

中共中央组织部
国家民族事务委员会 赠

# پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە

# پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى تۈزۈمگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە

# 关于对党员领导干部进行诫勉谈话和函询的暂行办法

# 关于党员领导干部述职述廉的暂行规定

مىللەتلەر نەشرىياتى
民族出版社

**图书在版编目(CIP)数据**

关于对党员领导干部进行诫勉谈话和函询的暂行办法
关于党员领导干部述职述廉的暂行规定/中国民族语
文翻译中心译.—北京:民族出版社,2006.3
ISBN 7—105—07591—0

Ⅰ.关… Ⅱ.中… Ⅲ.中国共产党—党员—思想政治教育—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D261.42

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006) 第 022943 号

**关于对党员领导干部**
**进行诫勉谈话和函询的暂行办法**
**关于党员领导干部述职述廉的暂行规定**
(维吾尔文)
中国民族语文翻译中心译
民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013)
中国民族语文翻译中心微机照排
迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
2006 年 3 月第 1 版　　2006 年 3 月北京第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米　1/32　印张:0.875
定价: 2.30 元　印数:7000 册

---

该书如有印装质量问题,请与发行部联系退还
(总编室电话:64212794;发行部电话:64211734)

# مۇندەرىجە

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»، «پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى تۈزۈمىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ........................................ (1)

پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە ........................................ (2)

پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى تۈزۈمىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە ........................ (7)

# 目　录

中共中央办公厅印发中央纪委、中央组织部《关于对党员领导干部进行诫勉谈话和函询的暂行办法》、《关于党员领导干部述职述廉的暂行规定》的通知…………………………（1）

关于对党员领导干部进行诫勉谈话和函询的暂行办法……………………………………（2）

关于党员领导干部述职述廉的暂行规定……………………（6）

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»، «پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى تۈزۈمىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

**ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېتلىرى، دۆلەت ئورگىنىدىكى مىنىستىرلىك، كومىتېتلار پارتگۇرۇپپا (پارتكوم) لىرى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى باش بۆلىرى، ھەرقايسى چوڭ ئورۇنلارنىڭ پارتكوملىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى پارتگۇرۇپپىلىرىغا:**

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»، «پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى تۈزۈمىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ھازىر سىلەرگە بېسىپ تارقاتتۇق، ئەمەلىي ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى**

2005-يىل 12-ئاينىڭ 19-كۈنى

# پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سورۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە

**1-ماددا** بۇ چارە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان دائىملىق تەلىم-تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش-ياخشىلاش ئۈچۈن، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»غا ئاساسەن تۈزۈلدى.

**2-ماددا** پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)نىڭ تەلىپى بويىچە، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ۋە تەشكىلات (كادىرلار) تارماقلىرى كادىر باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىدۇ ۋە خەت ئارقىلىق سورۇشتۇرىدۇ. بىر دەرىجە تۆۋەن رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىشنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، شۇلار تۇرۇشلۇق پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

**3-ماددا** پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلاردا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش كېرەك:

(1) پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلمىغان، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بېكىتمە، قارار ۋە

خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇشى يېتەرسىز بولغان بولسا؛

(2) دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلماي، ئىستىلدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان ياكى رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە پرىنسىپسىز نىزا تۇغدۇرغان بولسا؛

(3) مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلماي، خىزمەتتە مۇئەييەن زىيان كەلتۈرگەن بولسا؛

(4) پۇچەك ۋە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان «ئوبراز قۇرۇلۇشى»، «سىياسىي تۆھپە قۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىپ، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغان بولسا؛

(5) «رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمەت نىزامى»نى قاتتىق ئىجرا قىلماي، ئادەم ئىشلىتىشتە سەۋەنلىك سادىر قىلغان بولسا؛

(6) پاك-تەلەپچان بولۇش بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلماي، يامان تەسىر پەيدا قىلغان بولسا؛

(7) ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىشكە تېگىشلىك باشقا ئەھۋاللار بولسا.

**4-ماددا** ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىشتە، سۆھبەتلىشىش ئوبيېكتىغا سۆھبەتلىشىش سەۋەبى توغرىسىدا ئىزاھ بېرىش، ئۇناق مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدىكى چۈشەندۈرۈشى ۋە ئىزاھاتىغا ئەستايىدىل قۇلاق سېلىش، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ قويۇش، ئۇنىڭدىن تۈزىتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

**5-ماددا** ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ۋە تەشكىلات (كادىرلار) تارماقلىرى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن سۆھبەتلىشىش ئوبيېكتىنىڭ ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش

كېرەك . تۈزەتمىگەن ياكى تۈزىتىشى تازا روشەن بولمىغانلىرىغا پارتگوم (پارتگۇرۇپپا) نىڭ پىكرىگە ئاساسەن ، تەنقىد ، تەربىيە بېرىش ھەمدە تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ياكى تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك .

**6-ماددا** ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى ۋە تەشكىلات (كادىرلار) تارمىقى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي-ئىدىيە ، ئەخلاق-پەزىلەت ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك-تىرىشچان بولۇش ، ئادەم تاللاش-ئىشلىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئاممىنىڭ ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە شۇ رەھبىرىي كادىردىن يازما شەكىلدە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرسىمۇ بولىدۇ .

**7-ماددا** پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار سۈرۈشتۈرۈش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان 15 ئىش كۈنى ئىچىدە ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يازما جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك . ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن قەرەلىدە جاۋاب قايتۇرالمىسا ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە سەۋەبىنى ئىزاھلىشى لازىم . خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈلگەن مەسىلىلەر ئېنىق سۆزلەنمىگەن بولسا ، قايتىدىن خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش ياكى باشقا شەكىللەرنى قوللىنىپ ئەھۋالنى ئىگىلەشكە بولىدۇ . سەۋەبسىز جاۋاب قايتۇرمىغانلىرىنى تېزدىن جاۋاب قايتۇرۇشقا بۇيرۇش كېرەك .

**8-ماددا** پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈشتە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك . ئادەتتە كادىر باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى ياكى تەشكىلات (كادىرلار) تارمىقىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ، ئۆز ئورگىنى ياكى ئۆز تارمىقىنىڭ رەھبىرىگە تەستىقلىتىدۇ .

9-ماددا پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار تەشكىلىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىشى ۋە خەت ئارقىلىق سورۇشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلغاندا، مەسىلىلەرگە ئەينەن جاۋاب بېرىشى كېرەك، پاكىتنى يوشۇرۇشقا، ئويدۇرۇشقا، بۇرمىلاشقا ۋە مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ، تەشكىلىنىڭ سورۇشتۇرۇش خېتىگە سەۋەبسىز جاۋاب قايتۇرماسلىققا بولمايدۇ، مەسىلىنى ئىنكاس قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. خىلاپ قىلغۇچىلارغا تەنقىد، تەربىيە بېرىلىدۇ، ئەھۋال ئېغىر بولغانلىرى تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ياكى ئۇلارغا ئىنتىزام جازاسى بېرىلىدۇ.

10-ماددا پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىشتىن قالدۇرۇلغان خاتىرە (شۇ كىشىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك) ۋە خەت ئارقىلىق سورۇشتۇرۇشكە ئائىت ماتېرىياللار ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلەشكەن ۋە خەت ئارقىلىق سورۇشتۇرغان ئاپپارات ياكى تارماقتا ساقلىنىدۇ.

11-ماددا ئالاقىدار خىزمەتچى خادىملار پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلەشكەن ۋە خەت ئارقىلىق سورۇشتۇرغان مەزمۇنلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلىشى كېرەك. سىر بېرىپ قويغانلار ۋە مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغانلار ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

12-ماددا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولمىغان رەھبىرىي كادىرلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سورۇشتۇرۇشكە توغرا كېلىدىغانلىرىغا مۇشۇ چارە تەتبىقلىنىدۇ.

**13-مادда** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق قورالىق ساقچى قىسىملىرىدىكى پارتىيىلىك رەھبىرى كادىرلار بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىش ۋە خەت ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش چارىسىنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ باش سىياسىي بۆلۈمى مۇشۇ چارىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىدۇ .

**14-مادда** بۇ چارىنى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەسلىھەتلىشىپ چۈشەندۈرىدۇ .

**15-مادда** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ .



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى تۇزۇمگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە

1-ماددا بۇ بەلگىلىمە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى نازارەتچىلىك نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»غا ئاساسەن تۈزۈلدى.

2-ماددا بۇ بەلگىلىمە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىغا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، كوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت تارماقلىرىدىكى پارتگورۇپپا (پارتكوم) ئەزالىرىغا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگورۇپپىلىرىنىڭ ئەزالىرىغا تەتبىقلىنىدۇ؛ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى شۇنىڭدەك پارتكوم خىزمەت تارماقلىرىدىكى رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىغا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تارماقلىرىدىكى پارتگورۇپپا (پارتكوم) ئەزالىرىغا تەتبىقلىنىدۇ؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەتچى ئورگانلىرى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلار، ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى، بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك

بەنزىسىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارغا تەتبىقلىنىدۇ . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەرىجىگە مۇناسىپ پارتكوْرۇپپا (پارتكوم) لارنىڭ رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىغا تەتبىقلىنىدۇ .

يۇقىرىقى ئورۇنلاردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولمىغان رەھبىرىي كادىرلارغىمۇ مۇشۇ بەلگىلىمە تەتبىقلىنىدۇ .

**3-ماددا** پارتگوم (پارتگورۇپپا) ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى خىزمىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ .

**4-ماددا** خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى دوكلاتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى : دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش-ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى ۋە پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىش ئەھۋالى، ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئۇنى تۈزىتىش تەدبىرلىرى ۋە ئىزاھلاشقا تېگىشلىك باشقا ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

**5-ماددا** خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى دوكلاتى ۋاكالەت مۇددىتى ئوتتۇرىدا ۋە نۆۋەت ئالمىشىشتىن ئاۋۋالقى بىر يىل ئىچىدىكى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئايرىم ئېلىپ بېرىلىدۇ . ۋاكالەت مۇددىتى بەلگىلەنمىگەن رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ مۇددىتى بەلگىلەنگەن

رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە ئوخشاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

جايلار، تارماقلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان خادىملارنىڭ دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىشى لازىم.

**6-ماددا** خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى دوكلاتى بېرىشتىن ئاۋۋال، پارتكوم (پارتگورۇپپا) لار رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى ئۈستىدە كادىرلار ۋە ئامىمىدىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىشى ھەمدە ئاساسلىق مەسئۇل خادىم بۇ پىكىرلارنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئەينەن يەتكۈزۈشى لازىم. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى ئۈستىدىكى پىكىرنى بىر دەرىجە يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى ۋە تەشكىلات (كادىرلار) تارمىقىغا يەتكۈزۈش كېرەك. رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆزىمۇ سىردىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پىكىرلارنى تولۇق ئاڭلىشى لازىم.

**7-ماددا** پارتكوم (پارتگورۇپپا) لار ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىدىكى خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى خىزمىتى ئاخىرلىشىپ بىر ئاي ئىچىدە، خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى توغرىسىدىكى خىزمەت خۇلاسىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى پارتكوم (پارتگورۇپپا) غا مەلۇم قىلىشى ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى ۋە تەشكىلات (كادىرلار) تارمىقىغا ئايرىم كۆچۈرۈپ ئەۋەتىشى لازىم.

**8-ماددا** ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى ۋە تەشكىلات (كادىرلار) تارمىقى بىر دەرىجە تۆۋەن رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى خىزمىتى ئۈستىدىكى يېتەكچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى يىغىنىغا قاتنىشىشقا ۋەكىل ئەۋەتىپ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئىگىلىشى؛ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى دوكلاتىدىن

كېيىن ، شۇ يىلىدىكى يىللىق تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ ، دېموكراتىك باھالاش ۋە دېموكراتىك سىناشقا ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم . رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى دوكلاتى بېرىشتە مۇھىم مەسىلىلەرنى يوشۇرغانلىقى ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى شۇنداقلا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تۈزەتمىگەنلىكىنى بايقىسا ، پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نىڭ پىكرىگە ئاساسەن ، شۇ رەھبىرىي كادىر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆھبەتلىشىشى ، ئەھۋال ئېغىر بولغانلىرىنى تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشى لازىم .

**9 - ماددا** يەرلىك پارتكوم ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە ئىككىدىن ئارتۇق رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتەيدىغان پارتىيىلىك كادىرلار ئۆزى ۋەزىپە ئۆتەيدىغان رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا ئايرىم-ئايرىم خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى دوكلاتى بېرىشى كېرەك .

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتكوم ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە ئىككىدىن ئارتۇق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان پارتىيىلىك كادىرلار ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى دوكلاتى بەرسە بولىدۇ .

**10 - ماددا** ئاساسىي قاتلام پارتىيە كومىتېتى ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ، پارتىيە باش ياچېيكىسى ، پارتىيە شۆبە ياچېيكا مەسئۇللىرىنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى خىزمىتىنى يولغا قويۇش چارىسىنى ئۆلكىلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ، پارتكومىنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى «جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ ئىچكى نازارەتچىلىك نىزامى (سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلىدۇ) »غا ۋە مۇشۇ بەلگىلىمىگە بىنائەن تۈزۈپ چىقىدۇ.

**11-ماددا** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋە پاكلىق مەلۇماتى دوكلاتى بېرىشكە ئائىت بەلگىلىمىنى ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىدۇ.

**12-ماددا** بۇ بەلگىلىمىنى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى مەسئۇلىيەتلىشىپ چۈشەندۈرىدۇ.

**13-ماددا** بۇ بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

ISBN 7-105-07591-0

ISBN 7-105-07591-0/D·1231
民文（维 202） 定价：2.30元

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com